# قەستەنلىككە ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ دىيىتى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ئېغىر بولىدۇ، ئۇ كىشى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بۇنداق بولىشى شەيتان كىشىلەر ئارىسىدا يامانلىقنى قوزغايدۇ، كىشىلەر بىر-بىرىگە قورال كۆتەرمەستىن ۋە ئۆچمەنلىك قىلماستىن، قارغۇلارچە قان تۆكۈلىدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قەستەنلىككە ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ دىيىتى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ئېغىر بولىدۇ. ئۇ كىشى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بۇنداق بولىشى، شەيتان كىشىلەر ئارىسىدا يامانلىقنى قوزغايدۇ، كىشىلەر بىر-بىرىگە قورال كۆتەرمەستىن ۋە ئۆچمەنلىك قىلماستىن، قارغۇلارچە قان تۆكۈلىدۇ»

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەستەنلىككە ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ دىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدىغان ھاسا، تاش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئاتقان ياكى ئۇرغان بولسا، ئەمما ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلمىغان، بۇنىڭ دىيىتى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ دىيىتىگە ئوخشاش ئېغىر بولىدۇ، دىيەتنىڭ مىقدارى: يۈز تۆگە بولىدىغانلىقى بۇنىڭدىن ئوتتۇزى تۆت ياشنى تولۇقلاپ بەش ياشقا قەدەم باسقان چىشى تۆگە، ئوتتۇزى ئۈچ ياشنى تولۇقلاپ تۆت ياشقا قەدەم باسقان چىشى تۆگە، قىرىقى بوغاز تۆگە بولىدۇ، قەستەنلىككە ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك كۆپ ۋاقىتلاردا قورال كۆتۈرمەستىن، بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك قىلماستىن، ئۆچمەنلىك قىلماستىن يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىش شەيتاننىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئىغۋاگەرلىك قىلىشى، ۋەسۋەسە قىلىشى، بىر-بىرىنى مازاق قىلىشى ۋە چاقچاق قىلىشى نەتىجىسىدە جىدەل بولىدۇ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلمىسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھەقسىز قان تۆكۈلۈش شەكىللىنىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58215

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee